# 232335 - نامازدىكى تەشەھھۇت توغرىسىدا

## سوئال

ئاخىرقى تەشەھھۇتتا، بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە ئامانلىق بولسۇن دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا، سىزگە ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە ئامانلىق بولسۇن دېسەم توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشكىلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئاخىرقى تەشەھھۇت بولسا نامازنىڭ ئاساسلىق پەرزلىرىدىن بىرى، ئەۋۋالقى تەشەھھۇت بولسا نامازنىڭ ۋاجىپلىرىنىڭ بىرىدۇر. بىز بۇنىڭ تەپسىلاتىنى 125897-65847- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا زىكىر قىلدۇق.

ئىككىنچى: مۇسۇلمان كىشى نامازدا ياكى نامازنىڭ سىرتىدا ئوقۇلىدىغان ھەدىستە بايان قىلىنغان شەرئى زىكرلەرنىڭ ئەسلى تېكىستىنى ئىسدە چىڭ تۇتىشى كېرەك بولىدۇ. ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتمەسلىكى لازىم.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **«پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئالقىنىمنى ئۆزىنىڭ ئىككى ئالقىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ماڭا قۇرئان كەرىمدىن سۈرە ئۆگەتكەندەك تەشەھھۇتنى ئۆگەتتى.»** [بۇخارى رىۋايىتى6265-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 402-ھەدىس].

بۇنىڭ مەنىسى: قۇرئان كەرىمگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنگە ئوخشاش، تەشەھھۇتنىڭ ئەسلى تېكىستىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى زىيادە قىلماسلىق ۋە كەمەيتىۋەتمەسلىك، ھېچ بىر سۆزنى ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك كېرەك.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ: بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە ئامانلىق بولسۇن دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا، سىزگە ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە ئامانلىق بولسۇن دېگەن سۆزنى ئالماشتۇرىۋېتىشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ھەدىسنىڭ تېكىستىنى ئۆزگەرتكەنلىك بولۇپ، چۈنكى ئۇنىڭدا مەنا ئۆزگىرىدۇ.

سىزگە قىلىدىغان نەسىھىتىمىز، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان ھەدىسنىڭ شەكلىنى لازىم تۇتۇشىڭىز كېرەك، بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، نامازنىڭ سۈپەتلىرى، نامازدىكى دۇئا ۋە زىكىرلەر توغرىسىدا يېزىلغان ئەڭ ياخشى كىتاب، شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھنىڭ "پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىنىڭ سۈپەتلىرى" دېگەن كىتابى بولۇپ، ئۇ كىتابنى ئوقۇپ، قانائەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.